FORB Learning Platform

# سىنارىيە: دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى - كىرىش سۆز

بۇ ئىنسانلارنىڭ پىكىر ، ۋىجدان ، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى هوقۇقىنىڭ نېمىگە چېتىلىدىغانلىقى ، ھەمدە قاچان ۋە قانداق چەكلىنىدىغانلىقىغا قارايدىغان 8 يۈرۈش تونۇشتۇرۇشنىڭ بىرىنچىسى.

بۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتا ، بىز كىم ياكى نېمىنىڭ كىشىلىك هوقۇق تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى ، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ بىزگە قانداق هوقۇقلارنى بەرگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىشتىن باشلايمىز.

مەن بۇ تونۇشتۇرۇشنى سىلەردىن بىر سوئال سوراشتىن باشلىماقچى!

قايسى دىنلار ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى هوقۇق تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ؟

سىزنىڭچە شۇ دىنلار دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلارمۇ؟
ياكى ئۇلار مەيلى كىچىك ياكى ئالاھىدە دىنلار بولسۇن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ؟
ۋەياكى ئۇلار بارلىق دىن ۋە ھەر خىل ئەقىدىلەر بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

ئەمەلىيەتتە ، بۇ بىر ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان سوئال. مەن قايسى دىنلارنىڭ قوغدىلىدىغانلىقىنى سورىدىم. كىشىلەر ھەمىشە دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى دىن ۋە ئېتىقادنى قوغدايدۇ دەپ قارايدۇ ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس! بۇ خۇددى باشقا بارلىق كىشىلىك هوقۇقلارغا ئوخشاش ، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى كىشىلەرنى قوغدايدۇ ، دىن ۋە ئېتىقادنى ئەمەس.

دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى بىر دۆلەتتىكى كونا - يېڭى دىنلارغا، يەنى

شۇ دۆلەتتە ئەنئەنىۋى بولغان ۋە ئۇ دۆلەتتە ئەنئەنىۋى بولمىغان دىنلارغا ئىشىنىدۇ ياكى ئەمەل قىلىدۇ دەپ قارالغان كىشىلەرنى قوغدايدۇ. ئۇلار مەيلى قايسى دۆلەتتە ياشىسۇن، ئۇ يەنە ئىنسانپەرۋەر

ۋە تىنچلىقپەرۋەرلەرگە ئوخشاش نېگىزلىك مەسىللەردە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئېتىقادى بار ( يەنى دىنسىز ياكى دىننى ئىتقادى بولمىغان)

كىشىلەرنى قوغدايدۇ.

دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەتتا دىن ۋە ئېتىقادقا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان(پىسەنت قىلمايدىغان) كىشىلەرنى قوغدايدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا ، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەممەيلەننى قوغدايدۇ!

ئۇنداقتا بىزدە قانداق قوغدىنىش ياكى ھوقۇقلار بار؟ بۇنى تېپىش ئۈچۈن بىز خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە ئەھدىنامىلەرنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككىسى بولسا:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 18-

ماددىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ۋە پۇقرالىق ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ 18-ماددىسى.

گەرچە ب د ت خىتابنامىلىرىدە سىياسى مۇددىئالار بايان قىلىنىسمۇ، لېكىن ب د ت ئەھدىنامىلىرى ۋە خىتابنامىلىرى قانۇنىي جەھەتتىن چەكلەش كۈچىگە ئىگە. ئۇنداقتا سىياسىي ۋە پۇقرالىق ھوقۇقلار

ئەھدىنامىسىنىڭ تېكىستىگە قاراپ باقايلى.

***18-ماددا***

1. ھەممە ئادەمنىڭ پىكىر ، ۋىجدان ۋە دىن ئەركىنلىكى ھوقۇقى بولىدۇ.

بۇ ھوقۇق ئۇچۇق ياكى مەخپىي ھالدا، يەككە ياكى باشقىلار بىلەن ئورتاق بولغان جەمئىيەتتە ئۆزى تاللىغان دىن ۋە ئېتىقادقا ئېرىشىش ياكى قوبۇل قىلىش ئەركىنلىكىنى، ھەمدە شۇ كىشىنىڭ ئىشىنىۋاتقان دىنى ۋە ئېتىقادىنىڭ ئەمەللىرىگە رىئايە قىلىش،ئۇنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە ئۆگىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ھېچكىم ئۆزى تاللىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قوبۇل قىلىش ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان مەجبۇرلاشقا ئۇچرىمايدۇ.

3. ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە ئېتىقادىنى نامايان قىلىش ئەركىنلىكى پەقەت قانۇندا بەلگىلەنگەن چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ، ھەمدە جامائەت بىخەتەرلىكى ، تەرتىپ ، ساغلاملىق ياكى ئەخلاق ياكى باشقىلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

4. بۇ ئەھدىنامىگە قاتناشقان دۆلەتلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە

ھۆرمەت قىلىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا قانۇنىي ۋەسىيلىرى بالىلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنى ئۆز ئېتىقادىغا ماس ھالدا كاپالەتلەندۈرۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۇنداقتا قوغدىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇلار رېئاللىقتا نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىزنىڭ قانداق ھوقۇقلىرىمىز بار؟ مەن خەلقئارا قانۇندا دىن ۋە ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلارنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يەتتە تېمىنى تونۇشتۇرماقچى:

ئالدىنقى ئىككىسى دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنىڭ يۆرىكىنى تەشكىل قىلىدۇ:

- مەلۇم دىن ۋە ئېتىقادقا ئىشىنىش، تاللاش ، ئۆزگەرتىش ۋەياكى ئايرىلىش ئەركىنلىكى ھەمدە
- دىن ۋە ئېتىقادقا ئەمەل قىلىش ياكى نامايان قىلىش ئەركىنلىكى.
- بۇلاردىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىغىنى بولسا بىزنىڭ مەجبۇرلاشتىن قوغدىنىش ھوقۇقىمىز ۋە
- دىن ۋە ئېتىقاد مەسىلىسىدىكى كەمسىتىشتىن قوغدىنىش ھوقۇقىمىزدۇر ،
- ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد ھەققىدىكى ھوقۇقى ،
- ۋىجدانغا خىلاپلىق قىلىش ھوقۇقى.

دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئېلېمېنتى بولسا تەمىنلەنگەن ھوقۇقنىڭ قاچان ۋە قانداق چەكلىنىشى توغرىسىدىكى قائىدىلەردۇر.

توربېكەتتە، بۇ تېمىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ سىن فىلىمىنى بار بولۇپ، تەپسىلي كۆرۈش ئارقىلىق رىئاللىقتىكى توغرا مەنىسىنى تاپالايسىز.

نەشر ھوقۇقى: SMC 2018